# 379362 - بانكىنىڭ سىرتتىن كەلگەن پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچىغا بېرىدىغان 2% ھەدىيىسىنى ئېلىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سوئال

مەن بىنگالدىن، مېنىڭ قېرىندىشىم قاتاردا ئىشلەيدۇ، ئۇ قاتاردىن  بىنگالغا پۇل ئەۋەتسە، بانكىدىن ماڭا ھەر يۈز رىيالغا ئىككى رىيالدىن قېتىپ ھەدىيە بېرىدۇ، بۇ "موني گرام" ئارقىلىق پۇلنى تېز يەتكۈزۈپ بېرىش دەپ ئاتىلىدۇ، قېرىندىشىم بۇ سىستېمىدىن پۇل ئەۋەتىدىغان ۋاقىتتا، ئۇلار پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچىنىڭ ئىسمىنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بىر كود بېرىدۇ، مەن قېرىندىشىم ئەۋەتكەن كود بىلەن ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بانكىغا بېرىپ پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالىمەن، سوئالىم: پۇل ئەۋەتىش جەريانىدا ھاسىل بولغان ھەدىيەنى ئېلىش توغرىمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

سىز سۆزلىگەن ئىشقا توختالمايمىز، ئەسلىدە بانكا يۆتكىگەن مەبلەغگە قېتىپ بەرمەيدۇ بەلكى مەلۇم مىقداردا يۆتكەش ھەققى ئالىدۇ، بۇ ئىشتا سىز دەسلەپتە ئارتۇق بېرىشنى شەرت قىلمىغان بولسىڭىز، سېستىم تېزدىن يەتكۈزۈش بولسا، مالنىڭ بانكىدا مەلۇم مۇددەت قېلىشى شەرت قىلىنمىغان بولسا، بانكا سىزگە مالنىڭ ھەممىسىنى ئېلىش بىلەن بەرگەن ھەدىيەنى ئالسىڭىز خاتا بولمايدۇ.

بانكا بىلەن مۇئامىلە قىلغۇچى بىلەن بانكا ئارىسىدىكى ئالاقە: ئىجارە ئالاقىسىدۇر.

دوكتۇر ئابدۇل كەرىم ئىبنى مۇھەممەد ئىسمائىيل مۇنداق دەيدۇ: "مۇئامىلە قىلغۇچى بىلەن بانكىنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقە ئىجارە ئاساسىغا تۇرىدىغان ئالاقە بولۇپ، مۇئامىلە قىلغۇچى بانكىنى يۆتكەيدىغان پۇلنى يۆتكەپ ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە ئىجارىگە ئالىدۇ، بانكا پۇلنى يۆتكەپ ئۇ كىشىگە تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن يۆتكەش ھەققىنى ئالىدۇ". ["ئۇمۇلاتىل مەسرەپىيە" 262-بەت].

ئىجارىگە ئالغۇچىدىن ھەدىيە قوبۇل قىلسا بولىدۇ.

مالنىڭ بانكىغا كىرگەنلىكىنى مۇئامىلە قىلغۇچىدىن بانكىغا بەرگەن قەرز دەپ پەرەز قىلساق، خۇددى ئۆزىنىڭ ھېسابىغا پۇل قويغانغا ئوخشاش بولۇپ، قەرز ئالغۇچى قەرزنى قايتۇرىدىغان ۋاقىتتا ئالغان قەرزدىن زىيادە

قايتۇرغان بولسا، بۇنى دەسلەپتە شەرت قىلمىغان بولسا، بۇنى ئالسا بولىدۇ، چەكلىنىدىغان دەسلەپتە ياكى قەرزنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئارتۇق بېرىشنى شەرت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇنىڭ دەلىلى: ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىر كىشىدىن بىر بوتۇلاق قەرز ئالغان بولۇپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا زاكات تۆگىلىرى كەلتۈرۈلگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەبۇ رافىئنى ھېلىقى كىشىنىڭ بوتۇلىقىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرىدى، ئەبۇ رافىئ بوتۇلاق تاپالماي تۆت ياشلىق تۆگە بارلىقىنى دەيدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «مەيلى ئۇنى بەرگىن، كىشىلەرنىڭ ياخشىلىرى دېگەن قەرزنى گۈزەل شەكىلدە ئادا قىلغۇچىلىرىدۇر» دېدى. [مۇسلىم رىۋايىتى 1600-ھەدىس].

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر شەرت قىلماستىن مۇتلەق قەرز بەرگەن بولسا، قەرزنى بەرگەن مىقداردىن ياكى سۈپەتتىن ئارتۇق ياكى كەم قايتۇرغان بولسا، بۇ ئىككىيلەننىڭ رازىلىقى بىلەن بولغان بولسا توغرا بولىدۇ". ["ئەل مۇغنى"4-توم 242-بەت].

سۆزنىڭ خۇلاسىسى: بۇ شەكىلدىكى ھەدىيە-سوۋغاتلارنى ئالسا بولىدۇ.

ئەگەر مال بانكا ھېسابىدا تۇرۇپ قالىدىغان بولسا ئۇ ۋاقىتتا بۇ ھەدىيەنى ئېلىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى مالنىڭ بانكا ھېسابىدا تۇرۇپ قېلىشى قەرز ھېسابلىنىدۇ. قەرز جەريانىدا ھەدىيە-سوغات ئېلىش توغرا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە 106418 -نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.